# شىنجاڭ تەنتەربىيە خادىملىرىنىڭ يېڭى «مۇسابىقە مەيدانى»



## ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جىڭ بو

5 ـ ئايدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇغداي مايسىلىرى باراقسان ئۆسۈپ، ئۆجمە مېغى باغلاپ پىشىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى، ئېغىر نامرات كەنتلەردە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجىلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى «مۇسابىقە مەيدانى»دا بارلىق كۈچى بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، تەنتەربىيە خادىملىرىنىڭ مەڭگۈ ۋاز كەچمەيدىغان، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەيدىغان جان تىكىپ ئېلىشىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

### جان تىكىپ ئېلىشىش

### پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش

جاپادىن قورقماسلىق، ھاردىم ـ تالدىم دېمەسلىك تەنتەربىيە خادىملىرىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى. ئۇلار بۇ خىل پەزىلەت بىلەن كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىدە كېچە ـ كۈندۈز دېمەي جاپالىق ئەجىر سىڭدۇردى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

بۇ يىل جاۋ چېڭچياڭنىڭ كەنتتە خىزمەت قىلىۋاتقىنىنىڭ تۆتىنچى يىلى. مارالبېشى ناھىيەسى ئاناكۆل يېزىسى چۇغۇرغاي كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ كەنتتە تۇرۇپ خىزمەت قىلغان 1100 كۈندىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئەترەت ئەزالىرى بىلەن بىللە كەنتنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ، تىرىشچانلىقى ۋە ئەجرى بىلەن كەنتنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئۆزگەرتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، كەنتنىڭ ئۆيى ۋە ئاچچىقسۈيى سىرتقا ئۇراپ سېتىلىدىغان مەھسۇلاتقا ئايلاندى، باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، كەنت يوللىرىغا قۇياش ئېنېرگىيەلىك يول چىراغلىرى ئورنىتىلدى، ساياھەت كۈتۈۋېلىش نۇقتىسى بار بولدى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى... ئەڭ خۇشاللىنارلىقى شۇكى، كەنتتىن ئالتە ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى.

ئاناكۆل يېزىسى دۆڭمەھەللە كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى دىڭ لېي تىلغا ئېلىنغاندا، كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى رەيھانگۈل مامۇت ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.

«دىڭ شۇجى 2018 ـ يىلى كەنتىمىزگە كەلگەندىن كېيىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدىغان ھەربىر ئائىلىگە دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرى تۈزۈپ بەردى.» رەيھانگۈل ئەسلىدە كەنتتىكى نامرات ئائىلە ئىدى، 2018 ـ يىلى ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە كەنت كادىرى بولدى. 2019 ـ يىلى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6680 يۈەنگە يەتتى.

«دىڭ شۇجى كەنتتە تۇرغاندىن كېيىن، كەنتتە كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىغا كۆكتات تېرىلدى، كەنتتە تۆت چېنىقىش مەيدانى بار بولدى، يول چىراغلىرى ئورنىتىلدى. كەنت ھەمكارلىق كوپېراتىپى بار بولدى، پۇقرالارنىڭ كىرىمىمۇ ئاشتى» دېدى رەيھانگۈل «پارتىيە مۇشۇنداق ياخشى شۇجىنى ئەۋەتىپتۇ، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىلىرىنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەشنى خالايمىز».

مۇخبىر شاڭ خۇڭبو بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ نامرات ئائىلىلەرگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇ يىل پەيزاۋات ناھىيەسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىدۇ، ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى ئەۋەتكەن بۇ ناھىيەدە تۇرۇشلۇق ئالتە 1 ـ شۇجى بىردەك دەم ئېلىشتىن ۋاز كەچتى.

جامباز يېزىسى چۆۋق كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى شاڭ خۇڭبو مۇنداق دېدى: «پەقەت يۇرتداشلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلىسىلا، بىز جاپا تارتساقمۇ، چارچىساقمۇ رازى».

### تىرىشىش

### يېزا ـ كەنتلەرنىڭ كونا قىياپىتىنى يېڭىلاش

«بازغانچىنىڭ بېلى چىڭ بولۇشى شەرت»، ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتىپ قۇرۇشتا پارتىيە تەشكىلاتى يادرو.

«يىلتىزى چوڭقۇر ئوت ـ چۆپلەرنى بورانمۇ يۇلۇۋېتەلمەيدۇ.» ئاناكۆل يېزىسى قۇمبوغۇز كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جوۋ شىڭپىڭ ھازىرقى كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىلى بىلەن سۈپەتلىدى.

«خىزمەت ئەترىتى كۆپچىلىككە ئۆزى ئىشلەپ كۆرسىتىپ، كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ ئىشلەپ، ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كەنت ‹ئىككى كومىتېت›ى بەنزىسى ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارى، ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى.» جوۋ شىڭپىڭ مۇنداق دېدى: ھازىر كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بەنزىسى ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 27 ياش، پارتىيە ئەزالىرى 2016 ـ يىلدىكى 33 كىشىدىن تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى 49 كىشىگە يەتتى.

پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپى رىسالەت ئابدىرېيىمنىڭ پارتىيەگە كىرىشتىكى ئەسلىي مەقسىتى ناھايىتى ئاددىي: «پارتىيە پۇقرالارنىڭ باشلامچىسى، پۇقرالارغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، مەن ئۇنىڭ بىر ئەزاسى بولىمەن».

«باشلامچى ياۋا غاز» بولغاچقا، يېزا ـ كەنتلەردە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

«قاتىتقىلاشتۇرۇلغان يوللار، چىرايلىق ئۆيلەر، سۈزۈك تۇرۇبا سۈيى، تېلېۋىزور، سافا، سۇلۇق ھاجەتخانا، مۇنچا، ئىشىك ئالدىدىكى كەچلىك بازاردا ئىشقا ئورۇنلىشىش بولارنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق، ھازىر رېئاللىققا ئايلىنىپلا قالماي، بەلكى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.» ئاناكۆل يېزىسى غولمەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئۇرايىم ئەلى كەنتتە يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، كەنتتە يەنە ئارامگاھ، مېۋە ئۈزۈش باغچىسى، تەنتەربىيە باغچىسى، بېلىق تۇتۇش بازىسى، قار تېيىلىش مەيدانى، ھەقىقىي ئادەم CS كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى قاتارلىقلار بار، بۇنداق ئالاھىدە «جەلپكار» ھالەتنى كەنتكە بېرىپ باققانلارنىڭ ھەممىسى ماختىماي قالمايدۇ.

ئىلگىرىكى ئەخلەتلەر بىلەن تولغان جاي بۈگۈن تەنتەربىيە باغچىسىغا ئايلاندى. بۇ، مارالبېشى ناھىيەسى ئالاغىر يېزىسى ئاقكۆل كەنتىدىكى ئاقكۆلنىڭ ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى قىياپىتى.

ئاقكۆلنى ئىلگىرى كەنت ئاھالىلىرى ئەخلەت مەيدانى قىلىۋالغانىدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەلگەندىن كېيىن، ئاقكۆلنى تۈزەپ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ تەنتەربىيە چېنىقىش باغچىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ھازىر، ھەممە ئادەم ئايلىنىپ ئۆتىدىغان، سېسىق پۇراق ئەتراپنى بىر ئالىدىغان بۇ تەبىئىي سۇ رايونىنىڭ ئىلگىرىكى سۇلىرى سۈزۈك، ئوت ـ چۆپلىرى ياپيېشىل قىياپىتى ئەسلىگە كەلدى ھەم ئىچىش كارخانىسىنىڭ كۆزى جۇشۇپ پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. بۇ تەدبىر ئون يىل ئىچىدە كەنت كوللېكتىپىغا 1 مىليون يۈەن كىرىم يارىتىپلا قالماي، ئاز دېگەندىمۇ 20 نەچچە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

### بۇرچ

### ئامما بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ياردەم بېرىش

كەنت گۈزەللەشتى، يول قاتتىقلاشتى، كۆلكىلەر كۆپەيدى، باللار كىشىلەرنى كۆرسە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول ئېلىشىپ ئەھۋال سورايدىغان بولدى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى ئۇچرىتىپ قالسا پىيونېرلار سالىمى بېرىدىغان بولدى... بۇ بەختلىك كۆرۈنۈشلەرنى مۇخبىر بارغانلا يېرىدە ئۇچراتتى.

ئالاغىر يېزىسى قارا ئېقىن كەنتى ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ھەۋەس گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىنىڭ دۇكان ئىگىسى گۆھەرنىسا توختى يىراق ـ يېقىندا نامى چىققان «كېلىنچەك گىرىمچىكى»، ئايلىق كىرىمى 3000 يۈەن ئەتراپىدا، ھالبۇكى، 2018 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئۇ تېخى نامرات ئاھالە ئىدى.

كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، گۆھەرنىسا چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئاچتى. تېخنىكىسى ياخشى بولغاچقا گۆھەرنىسانىڭ سودىسى بارغانسېرى جانلىنىپ كەتتى، 2018 ـ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئىككى نامرات ئاھالىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى.

«ھازىر كەنتتە گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، ياسىنىشقا ئامراق قىزلار بارغانسېرى كۆپەيىدى.» گۆھەرنىسا كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «دۇكىنىمىزنىڭ 50 نەچچە مۇقىم خېرىدارى بار، ئۇلار قەرەللىك كېلىپ تىرە ئاسرىتىدۇ، چېچىنى قېشىنى ياسىتىدۇ».

ھازىرقى ياخشى كۈنلەر تىلغا ئېلىنسا، ئاناكۆل يېزىسى غولمەھەللە كەنتىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالە ئابدىرېيىم ئىمىنمۇ ئوخشاش ھېسسىياتتا. بۇلتۇر ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 13 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، يېقىندا ئۇلار ئۈچ بالىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ ـ ئەكېلىش ئۈچۈن بىر نىمكەش ئاپتوموبىل سېتىۋالدى.

تەنھەرىكەت بەدەننى كۈچلەندۈرۈپلا قالماي، يەنە روھنى مۇجەسسەملەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ۋە 1 ـ شۇجىلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەردە ۋاسكېتبول مەيدانى، ۋالىبول مەيدانى ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش يوللىرى ياسالدى. بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى نىشانلىق ياردەم بېرىپ يۆلەۋاتقان مارالبېشى ناھىيەسى، پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى ئۈچ يېزا، 17 كەنتتە «دېھقانلار ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىسى نۇقتىدا سىناق قىلىش، كېڭەيتىش تۈرى»نى باشلىدى، «مەن ھەرىكەت قىلىمەن، مەن ساغلام، مەن بەختلىك»تىن ئىبارەت ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئىدىيەسى بارغانسېرى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، ساغلاملىق تۇيغۇسى ھەرىكەت جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا ئاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى نىي چۈن مۇنداق دېدى: ئەمدى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇستەھكەملەش، يۈكسەلدۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەشتىكى «كېيىنكى يېرىم ماقالە»نى ياخشى يېزىشتا، خىزمەت ئەترىتى داۋاملىق كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەربىي شىمال نېفىتلىكى «تەبىئىي گاز چوڭ تەرەققىياتى» يېرىك پىلانىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ۋە پەرقلەندۈرۈپ ئېچىش تاكتىكىسى ئارقىلىق تەبىئىي گازنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. تەبىئىي گازنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسى خىزمەت تۈزۈمى ۋە بىر قىسىم گاز قۇدۇقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق، كۈنگە ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان گازنى 5 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرۇپ، گازلىقتا سىجىل مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش ۋە گاز بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سېتىشقا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى بېكىتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەبىئىي گاز ئېچىش ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ يىل غەربىي شىمال نېفىتلىكى 10 مىليون توننىلىق نېفىتلىك، گازلىق قۇرۇلۇشنى پىلانلىدى، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 2 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىردىن 3 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا ئاشۇرۇشنى ھەم يېقىنقى مەزگىلدە تەبىئىي گاز ئىشخانىسى ۋە تەبىئىي گاز تور بۆلۈمى قۇرۇشنى پىلانلىدى، تارىم دەرياسى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى، شۇنبېي ۋە شۇننەندىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بازىسى قۇرۇشنى پىلانلاپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولدى.

---

### مۇداپىئە كۆرسەتمىسى

«ئاممىنىڭ ئىلمىي يوسۇندا ماسكا تاقاش كۆرسەتمىسى (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» يېقىندا ئېلان قىلىندى

## مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق ئەسكەرتتى:

## ماسكىنى زاپاس ئېلىپ يۈرۈش، يۇقۇملۇق كېسەلدىن ھوشيار بولۇش كېرەك

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لېي

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش دائىملاشقان باسقۇچقا كىردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تومۇز ئىسسىقمۇ يېتىپ كەلدى، بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەر يەنە ماسكا تاقىشى كېرەكمۇ ـ يوق؟

ئالدىنقى مەزگىلدە بېسىپ تارقىتىلغان «ئاممىنىڭ ئىلمىي يوسۇندا ماسكا تاقاش كۆرسەتمىسى» ئاساسىدا، گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئۈنۈۋېرسال گۇرۇپپىسى يېقىندا يەنە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدىكى «خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى تۆۋەن بولغان رايون»لارغا ماس كېلىدىغان «ئاممىنىڭ ئىلمىي يوسۇندا ماسكا تاقاش كۆرسەتمىسى (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»نى بېسىپ تارقىتىپ، ھازىرقى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ۋە ئىشنى ئىشلەپچىقىرىشنى، ئوقۇشنى، دەرسنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقان ئەھۋالدا، ئاممىنىڭ ماسكىنى قانداق تاقىشىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ تۈرگە ئايرىدى. 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى دېزىنفېكسىيە قىلىش ـ يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى بويىچە مۇدىر ۋىراچ ياڭ خۇڭشەي بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەردى.

### ھازىر قانداق ئەھۋاللاردا ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ؟

ياڭ خۇڭشەي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئادەتتىكى ئامما مۇنداق ئەھۋاللاردا ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ: ئۆيدە، ۋېلسىپىت مىنگەندە، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدىگەندە، سىرتتا، باغچە قاتارلىق كەڭ سورۇنلاردا ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن يېنىدا بىر زاپاس ماسكا ساقلاش تەكلىپىنى بېرىمەن. ئاممىۋى سورۇنلاردا، كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا بىر مېتىردىن ئارتۇق ئىجتىمائىي ئالاقە بىخەتەرلىك ئارىلىقى ساقلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن ئۆي ئىچى ئاممىۋى سورۇنلىرى، مەسىلەن، مۇزېي، تەنتەربىيە سارىيى، چېنىقىش ئۆيى قاتارلىقلار ئېچىۋېتىلدى، بۇ سورۇنلارغا بارغاندا، شۇنداقلا تاللا بازار، ئاشخانا، سودا سارىيى قاتارلىقلاردا، ئەگەر ئادەملەر توپلاشمىغان بولسا، ھاۋا ئۆتۈشۈشى ياخشى بولسا، بىر مېتىردىن ئارتۇق بىخەتەرلىك ئارىلىقى ساقلاپ ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ. كۆپچىلىك ماسكىنى يېنىدا زاپاس ئېلىپ يۈرسە بولىدۇ.

ياڭ خۇڭشەي مۇنداق ئەسكەرتتى: ھەرىكەت قىلغاندا ئادەم بەدىنىنىڭ ئوكسىگېن سەرپىياتى ئېشىپ كېتىدۇ، تېخىمۇ كۆپ ئوكسىگېن سۈمۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ماسكا تاقىغاندا ئوكسىگېننى ۋاقتىدا سۈمۈرەلمەي، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقىپ، ئۆپكە زەخىملىنىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەرىكەت قىلغاندا ماسكا تاقىماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

### ئىشخانىدا، يىغىن زالىدا ماسكا تاقاش كېرەكمۇ ـ يوق؟

ئىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنىگە بىر مەزگىل بولدى، ئىشخانا، يىغىن زالىدا يەنە ماسكا تاقاش كېرەكمۇ ـ يوق؟ ياڭ خۇڭشەي مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئىشخانا، يىغىن زالىدا ھەر ۋاقىت دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇلغان بولسا، خىزمەت قىلىۋاتقان ياكى يىغىنغا قاتناشقان خادىملار بىر مېتىردىن ئارتۇق ئىجتىمائىي ئالاقە بىخەتەرلىك ئارىلىقى ساقلىغان بولسا، ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ.

«خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى تۆۋەن رايون دېگەنلىك خەۋپ ـ خەتەر يوق دېگەنلىك ئەمەس، بەزى ئەھۋاللاردا يەنىلا داۋاملىق ماسكا تاقاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، يەر ئاستىدا ياكى نىسپىي يېپىق ھالەتتىكى مال سېتىۋېلىش سورۇنلىرى، ۋاگونسىمان لىفت قاتارلىق ھاۋا ئۆتۈشۈشى ياخشى بولمىغان ئاممىۋى سورۇنلاردا، شۇنداقلا ئاممىۋى ئاپتوبۇس، مېترو، ئايروپىلان قاتارلىق ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرغاندا ماسكا تاقاشنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېدى ياڭ خۇڭشەي.

ئالاھىدە سورۇنلاردا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى خادىملار، مەسىلەن، دۇكان، ئاممىۋى قاتناش قوراللىرى، رېستوران، ئاشخانا، مېھمانخانا، ئىدارە ـ مەھەللىلەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىش ئېغىزى، كارخانىلارنىڭ كۈتۈۋېلىش سۈپىسى قاتارلىق سورۇنلاردا خىزمەت قىلىدىغان مۇلازىمەتچى خادىملار، شۇنداقلا ياشانغانلار ساناتورىيەسى، پاراۋانلىق ئورنى، تۈرمە ۋە روھىي ساغلاملىق ئاپپاراتلىرى قاتارلىق سورۇنلارغا سىرتتىن كەلگەن خادىملار، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان خىزمەتچى خادىملار خىزمەت ۋاقتىدا ماسكا تاقىشى كېرەك. دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەندە، كېسەل يوقلىغاندا ياكى كېسەل باققاندا ماسكا تاقاپ، گىرەلەشمە يۇقۇملىنىش خەۋپىنى ئازايتىش كېرەك.

### مەكتەپ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار ۋە دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، كۈندىلىك مەكتەپ تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلدى، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىشلىرىغا كۆپچىلىك ئىنچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىدۇ. ياڭ خۇڭشەي ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يەنىلا بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملاردا، سىنىپ ۋە ياتاقلارنىڭ دېرىزىلىرىنى ھەر ۋاقىت ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش تەۋسىيە قىلىندى، كۆپچىلىك ئامال بار بىر مېتىردىن ئارتۇق بىخەتەرلىك ئارىلىقى ساقلاپ ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ؛ يېپىق، ئادەم زىچ توپلاشقان جايلاردا ياكى باشقىلار بىلەن يېقىن ئارىلىقتا ئۇچراشقاندا ماسكا تاقاش كېرەك.

ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خادىملار مەكتەپ ئىچىدە، ئوقۇغۇچىلار ۋە دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ، ماسكىنى يېنىدا زاپاس ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك.

مەكتەپكە كىرىپ ـ چىقىدىغان نۆۋەتچى خادىملار، تازىلىق خادىملىرى ۋە ئاشخانا خىزمەتچىلىرى قاتارلىق مۇلازىمەت خادىملىرى ئالاھىدە سورۇن خىزمەتچىلىرىگە تەۋە بولۇپ، ماسكا تاقىشى كېرەك.

«سىرتقا چىقىشتىن بۇرۇن، ئاتا ـ ئانىلار باللىرىغا داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر قېتىملىق ماسكا ياكى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان تاشقى كېسەللەر ماسكىسىنى تەييارلاپ بەرسە بولىدۇ، KN95، N95 قاتارلىق ماسكىلارنىڭ قوغدىنىش ئىقتىدارى بەك يۇقىرى بولغاچقا ھاۋا ئۆتۈشۈشى ياخشى ئەمەس، ئۇلارنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك قوغدىنىشىدىكى ئەڭ ياخشى تاللاش قىلىۋالمىسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەڭ ياخشىسى يەنە بىر زاپاس ماسكا تەييارلاپ قويۇش كېرەك» دېدى ياڭ خۇڭشەي.